قەلب ساداسى

# قارا بۇلۇت تارقالدى، قۇياش نۇرى قەلبىمنى يورۇتتى

□ ئۇنسۇ ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى  ئالىمرە ئابلەت

مېنىڭ ئىسمىم ئالىمرە ئابلەت، بۇ يىل 23 ياشقا كىردىم، ئىلگىرى ئۇنسۇ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى بىر تەربىيەلەنگۈچى ئىدىم. ھازىر مەن بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنىنىڭ خېرىدار باشلىغۇچىسى بولۇپ، ھەر كۈنى ئاددىي ھەم مەنىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىمدە ئۆزۈمنىڭ ئەخمىقانە قىلمىشىمدىن پۇشايمان قىلىمەن ۋە نومۇس قىلىمەن، ھېلىمۇ ياخشى ھازىر قارا بۇلۇت تارقالدى، قۇياش نۇرى قەلبىمنى يورۇتتى.

ئائىلىمىزدە بالا كۆپ، ئىقتىسادىي يۈك ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەن يەنە داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇمىدىم. ئەينى چاغدا يېشىم كىچىك بولغاچقا، كەلگۈسىمنى قانداق پىلانلاشنى بىلەلمەي، كۈنبويى لاغايلاپ ھېچ ئىش قىلماي يۈرەتتىم. تەدرىجىي ھالدا مەن ئۆزۈمگە ئوخشاش مەكتەپتە داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇمىغان بىر توپ «دوست»لار بىلەن تونۇشتۇم. «دوست»لىرىم ئىچىدە يېشى سەل چوڭراق، نىقابلىق كىيىم كىيىدىغان ئىككىيلەن بار بولۇپ، دائىم بىزگە: «بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان، مۇسۇلمان ئاياللار پەقەت دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنسىلا بولىدۇ، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى ھاجەتسىز، سىرتقا چىقىپ ئىشلىسىمۇ بولمايدۇ، قارا رەڭلىك نىقابلىق كىيىم بىلەن ئۆزىنى ئوراپ يۈرۈشى كېرەك» دەيتتى. ئۇلار يەنە ماڭا چېگرا سىرتىدىكى سىن فىلىملىرىنى كۆرسەتتى ھەم توختىماستىن ماڭا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈرەتتى، ئەگەر بىزمۇ يېڭى، مودا كىيىملەرنى كىيسەك، سىن فىلىمدىكى ئاياللارغا ئوخشاش باشقىلار تەرىپىدىن تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىمىز دەيتتى. ئاستا - ئاستا مېنىڭ ئىدىيەم بۇرمىلىنىشقا باشلاپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ ئەتراپىمدىكى «كاپىر»لارنى چەتكە قېقىپ، «كاپىر»لار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشنى رەت قىلدىم، كوچىدىكى يېڭى، مودا كىيىملەرنى كىيگەن ئاياللارنى يامان سۆزلەر بىلەن تىللاپ ئەيىبلىدىم. ئەينى چاغدا نېمىنىڭ قانۇنلۇق دىن، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىن، نېمىنىڭ ئەسەبىي ئىدىيە ئىكەنلىكىگە قارىتا ھېچنېمىنى بىلمەي قارىغۇلارچە ئەگىشىش جەريانىدا كاللام يۇيۇلۇپ كەتتى. مېنىڭ غەيرىي ھەرىكەتلىرىم ئاتا - ئانامنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئاتا - ئانام بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن ماڭا تەربىيە بەرگەن، نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، قۇلىقىمغا كىرمىدى، يەنە تېخى ئۇلار بىلەن تاكاللاشتىم.

2017 - يىلى يازدا، مەن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كەلدىم. دەسلەپتە مەندە ئېھتىيات قىلىش كەيپىياتى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى، بىراق ئوقۇتقۇچىلار ماڭا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى، مەن ئۆزۈمنى تەدرىجىي ئەركىن تۇتىدىغان بولدۇم. ئۇ جايدا بىز دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگەندۇق، ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى، ئۆيلىنىش قانۇنى قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ئۆگەندۇق، يەنە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشكە ئالاقىدار بىلىملەرنى ئۆگەندۇق. بۇ مەدەنىيەت دەرسلىرىدىن باشقا، ھەربىرىمىز بىردىن ئىككىگىچە ماھارەت دەرسىنى تاللىساق بولاتتى، مەن غەربچە پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇشنى تاللىدىم، يەنە دائىم جۇڭگوچە ئاشپەزلىك دەرسخانىسىغا بېرىپ دەرس ئاڭلىدىم. ئىلگىرى مەن پەقەت لەغمەن ئېتىشنىلا بىلەتتىم، ھازىر بىر قىسىم قورۇمىلارنى قورۇشنى بىلىپلا قالماي، يەنە پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇش تېخنىكامۇ ناھايىتى ياخشى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تۇرمۇشىمىز مول، رەڭدار بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قىزىقىش سىنىپلىرى بار ئىدى، تەربىيەلەنگۈچىلەر دائىم بىللە توپ ئويناتتۇق، ناخشا ئېيتاتتۇق، ئۇسسۇل ئويناتتۇق، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كەلگەندە بىز يەنە يىغىلىپ تەبرىكلەيتتۇق. بىر مەزگىللىك ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىقتىدارىم كۆچىيىپلا قالماي، تېتىك، ئوچۇق مىجەز بولۇپ كەتتىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن ناھايىتى تېزلا كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپتىم — بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنىدا خېرىدار باشلىغۇچى بولدۇم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىلىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەچكە، كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا كەلگەن خېرىدارلار مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، مەن ھەممىسى بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيمەن. خوجايىنىم مېنى ناھايىتى ماختايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى مېنىڭ مۇقىم كىرىمىم بار بولدى، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ئاشقا تەييار، ئىشقا ھەييار بولمايمەن. مەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئاتا - ئانام ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى.

مېنىڭ ھازىر يېڭى كىشىلىك تۇرمۇش پىلانىم بار، كىيىم - كېچەك دۇكىنىدا ئىشلەش بىلەن بىللە، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن غەربچە پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇش ماھارىتىمنىمۇ تاشلاپ قويسام بولمايدۇ. ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، مەن دائىم پېچىنە - پىرەنىكلەرنى پىشۇرىمەن، يەنە تېلېۋىزور، كىتاب، يان تېلېفون قاتارلىقلار ئارقىلىق پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندىم. مەن بىر غەربچە پېچىنە - پىرەنىك دۇكىنى ئاچماقچى.

ئەگەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقى بولمىسا، مەن يەنىلا ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئىچىدە ياشىغان بولاتتىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ ماڭا دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇتۇپ، مېنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ روھىي بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە بەرگەن ياخشى سىياسەتلىرىدىن ياخشى بەھرىمەن بولۇپ، بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «ئۆلۈمدىن قورققان بولسام، ساقچى بولمايتتىم»

## —— خەلق ساقچىسى جۇڭ رۇي ھاياتى بەدىلىگە ساقچى روھىنى شەرھلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەننىڭ، 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر خۇاڭ چىڭگاڭ)** ئاپتوبۇستىكى قولىغا پىچاق ۋە قورال ئالغان قارا نىيەتلەر ئالدىدا، ئۇ خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئېغىر يارىلانغان ئەھۋالدىمۇ، يەنىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاممىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ياش ھاياتى بىلەن ساقچى روھىنىڭ ئەھمىيىتىنى شەرھلىدى، ئۇ دەل «جۇشياڭ خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلانى» ئىنقىلابىي قۇربان جۇڭ رۇي.

جۇڭ رۇي، 1974 - يىلى 3 - ئايدا گۇاڭشى خېپۇ ناھىيەسىنىڭ لىيەنجوۋ بازىرىدا تۇغۇلغان، 1992 - يىلى 9 - ئايدا گۇاڭشى خەلق ساقچىلىرى مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. 1994 - يىلى، 20 ياشلىق جۇڭ رۇي «لاياقەتلىك خەلق ساقچىسى بولۇپ، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمەن» دېگەن مەكتەپ پۈتكۈزۈش نۇتقىنى سۆزلىگەن، شۇ يىلى خېپۇ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ فېڭمىنلىڭ ساقچىخانىسىغا كېلىپ خەلق ساقچىسى بولغان.

خىزمەتتە، ئۇ ئىشتىن قاچماي، ئەستايىدىل مەسئۇل بولغان. جۇڭ رۇينىڭ ئاپىسى ۋاڭ جېنيۈەننىڭ ئەسلىشىچە، جۇڭ رۇي «يىرتىق ئىشتان» سەۋەبلىك قوشنا - قولۇملارغا تونۇلغان ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، «يىرتىق ئىشتان» دېيىلگىنى ئۇنىڭ ئوغرى تۇتۇش جەريانىدا يىرتىلىپ كەتكەن ئادەتتىكى پادىچىلار ئىشتىنى ئىكەن. تۇرمۇشتا ئۇ باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بېرىدىغان بولۇپ، كەمتەر ۋە خۇش پېئىل ئىدى. جۇڭ رۇي قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئاپىسى ئاندىن يېقىن ئەتراپتىكى مىفىن دۇكىنى خوجايىنىدىن ئۇنىڭ كۆپ قېتىم قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلارغا ياردەم بېرىپ، ئۆزى پۇل خەجلەپ ئۇلارنىڭ ناشتىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكىنى بىلگەن.

1995 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سەھەر سائەت 1دە، دېلو بېرىپ قايتىپ كېلىپ ئەمدىلا ياتقان جۇڭ رۇي قارا نىيەتنىڭ گۈگۈت ملتىق بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يولداشلار بىلەن نەق مەيدانغا بارغان. قارا نىيەتنىڭ گۈگۈت ملتىقى بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، جۇڭ رۇي بىرىنچى بولۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى تۇتقان ھەم بەتلەپ قويۇلغان گۈگۈت ملتىقتىن بىرنى قولغا چۈشۈرگەن. جۇڭ رۇي سەپداشلىرىغا دائىم: «ئۆلۈمدىن قورققان بولسام، ساقچى بولمايتتىم» دېگەن.

1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇڭ رۇي باشقا جايغا بېرىپ دېلو تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى قەۋەتلىك كارىۋاتلىق يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ خېپۇغا قايتقان. سائەت 19دىن 45 مىنۇتلار ئۆتكەندە، يولۇچىلار ئاپتوبۇسى خېپۇ - ۋۇجيا يول بۆلىكىگە كەلگەندە، جۇڭ رۇي تۇيۇقسىز «بۇلاڭچىلىق قىلىمىز، مىدىرلىماڭلار، پۇلۇڭلارنى چىقىرىڭلار» دەپ توۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەڭ ئاخىرقى رەتتىكى ئىككى قارا نىيەتنىڭ قولىدا پىچاق، تاپانچا تۇتقىنىچە بۇلاڭچىلىق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

جۇڭ رۇي خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، ئىككى قارا نىيەتكە ئېتىلىپ بارغان، ئۇ بىر قارا نىيەتنىڭ قولىدىكى پىچاقنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ، قارا نىيەتنى پۇتلاپ يەرگە يىقىتىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ بۇ قارا نىيەتنى بويسۇندۇرماقچى بولغاندا، قولىدا «54» تىپلىق تاپانچىنى تۇتقان يەنە بىر قارا نىيەت تاپانچا دەستىسى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرغان، يەرگە يىقىلغان قارا نىيەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورنىدىن ئۆملەپ تۇرۇپ جۇڭ رۇينى قۇچاقلىۋالغان، ئۇنىڭ شېرىكى جۇڭ رۇينىڭ كۆكرىكى، قورسىقىغا قاتتىق تەپكەن. ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە يول تار بولغاچقا، جۇڭ رۇي مۇشت - پەشۋا ئېتىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىككى قارا نىيەت ئۇنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن.

ئىككى قارا نىيەت يولۇچىلارنى بۇلاۋاتقان پەيتتە، ھوشىغا كەلگەن جۇڭ رۇي قايتا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قارا نىيەتلەرگە قارشى جان تىكىپ ئېلىشقان، لېكىن بەختكە قارشى قارا نىيەتلەر ئاتقان ئىككى پاي ئوق تېگىپ، پۈتۈن ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغان، شۇ چاغدا ئۇ ئارانلا 21 ياش ئىدى.

جۇڭ رۇي قارا نىيەتلەر ئالدىدا قەتئىي تىز پۈكمەي، ئۆزىنىڭ ياشلىقى ۋە ئىسسىق قېنى بەدىلىگە شانلىق ساقچى روھىنى نۇرلاندۇرۇپ، پارتىيەگە سادىق بولۇش، ۋەتەنگە سادىق بولۇش، خەلققە سادىق بولۇش، قانۇنغا سادىق بولۇشتەك جاراڭلىق قەسەمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. 1995 - يىلى، خېپۇ ناھىيەلىك پارتكوم، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت جۇڭ رۇيگە «جۇشياڭ خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى. 1996 - يىلى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى.

«خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەگەر دېلونى پاش قىلالمىسام، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا، دېلو پاش قىلىش ئۈچۈن، قانچىلىك جاپالىق، قانچىلىك خەتەرلىك بولسىمۇ قورقمايمەن» دەپ يازغانىدى جۇڭ رۇي ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى دوكلاتىدا. 1994 - يىلى 7 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، جۇڭ رۇي بىر يىلدا 39 جىنايەتچى ئۇنسۇرنى ئۆز قولى بىلەن تۇتقان، جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 16نى پاش قىلغان، ئامانلىق ساقلاش دېلوسىدىن 39نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان.

# ھاياتى ئارقىلىق چېگرا رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش

## —— خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان خەلق ساقچىسى لۇڭ فېي توغرىسىدا خاتىرە



لۇڭ فېينىڭ سۈرىتى.
□ (شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ئاينۇر)** زىمىستان قىشتا، شىنجاڭ ئىلى دەريا ۋادىسىدا ئاسمان - زېمىننى قار - مۇز قاپلاپ كېتىدۇ، بىر ياش خەلق ساقچىسى بۇ جايدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن. 21 يىل ئىلگىرى، ئۇنىڭ زوراۋانلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ھاياتى ئارقىلىق ۋەتەن چېگراسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىغان ھېكايىسىنى شۇ جايدىكى ئامما ھازىرغىچە ئېسىدە چىڭ ساقلاپ ۋە مەدھىيەلەپ كەلمەكتە. ئۇ ساداقەتنى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن ھەيۋەتلىك مەدھىيە ناخشىسىنى يازدى.

ئۇنىڭ ئىسمى لۇڭ فېي، ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئىلى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق ئەترىتىدە خەلق ساقچىسى، شۆبە ئەترەت باشلىقى بولغان.

1969 - يىلى 10 - ئايدا، لۇڭ فېي سىچۇەن ئۆلكىسى خەنيۈەن ناھىيەسىدىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىن تارتىپ چوڭلاردىن قىزىل ئارمىيەنىڭ دادۇخې دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتكەنلىكى، لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى تارتىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغاچقا، قەلبىدە ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئارزۇسى ئويغانغان. 1989 - يىلى، لۇڭ فېي ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى چېگرا رايوندا ئۆتكۈزگەن. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن مەزگىلدە، لۇڭ فېي جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ قېتىرقىنىپ مەشىق قىلغان، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مۇنەۋۋەر بەنجاڭ»، «مەشىق ئۈلگىسى» بولۇپ باھالىنىپ، توققۇز قېتىم تەقدىرلەنگەن، ئىككى قېتىم شەخسىي 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان.

1991 - يىلى، ئەسلىي يۇرتىغا قايتسا بولىدىغان لۇڭ فېي خەلق ساقچىسى بولۇپ، چېگرا رايونىنىڭ تىنچ - مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن شىنجاڭدا قېلىشنى تاللىغان.

جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇ كۆپ قېتىم ھايات - ماماتلىق، قانلىق سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن قورقمىغان. يەتتە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، لۇڭ فېي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 100 قېتىمدىن ئارتۇق تۇتۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، قانۇنسىز دىنىي سورۇن ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق شايكىلىرى ئۇۋىسىدىن 72نى بىتچىت قىلىپ، كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالىنىپ، بىر قېتىم شەخسىي 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنىپ، جەمئىيەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ يەنە كۆپ قېتىم ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئوت ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى قۇتقۇزغان، خەلققە بەرگەن قەسىمىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلغان.

ۋاقىت 1998 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت 23تىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە قەدىمىنى توختاتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان لۇڭ فېي ئەترەت ئەزالىرىنى باشلاپ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلار يوشۇرۇنغان ئۇۋىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. زوراۋان - تېررورچى ئۇنسۇرلار سېزىپ قېلىپ ئىشىكتىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان، سەپداشلىرىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن لۇڭ فېي ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ ئالدى بىلەن ئۆيگە ئېتىلىپ كىرگەن. شۇ چاغدا، زوراۋانلار يوشۇرۇنۇۋالغان جايدىن ئاتقان بىر پاي جىنايى ئوق لۇڭ فېينىڭ بويندىكى قىزىل قان تومۇرىغا تېگىپ، 29 ياشلىق لۇڭ فېي قان ئىچىگە يىقىلغان...

لۇڭ فېي قۇربان بولغاندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى ھەم ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

لۇڭ فېي خىزمەتداشلىرىغا ھەرقاچان ئىنتايىن كۆيۈنەتتى ۋە غەمخورلۇق قىلاتتى. قەھرىتان قىشتا، بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان خىزمەتدىشى ۋەزىپىگە چىقماقچى بولغاندا، ئۇ جۇۋىسىنى سېلىپ خىزمەتدىشىغا كىيدۈرۈپ قويغان؛ سەپدىشى كۈڭ چاۋخۇي قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلغاندا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سەپدىشىنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان؛ سەپداشلىرىنىڭ يۇرتىدىكى ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە، ئاپىسى ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، لۇڭ فېي ئۆزى يىغقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى سەپداشلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەۋەتىپ بەرگەن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىر ئايلىق ياردەم پۇلى ئاران 37 يۈەن ئىدى...

تېجەشلىك، ئاددىي - ساددا بولۇش، كۆڭلىدە باشقىلارنى ئويلاش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىش... خەلق ساقچىسى لۇڭ فېي ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا نۇرغۇن ئىش ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇنىڭ يارقىن ئوبرازى ھازىرغىچە ئەۋلادمۇئەۋلاد جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنى تەسىرلەندۈرمەكتە ۋە رىغبەتلەندۈرمەكتە، ئۇنىڭ روھىي پەزىلىتى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندى.